ئولتۇردۇم. چىراي جەھەتتىن ئۆزلىرىگە ئانچە ئوخشاپ
كەتمەيدىغىنىم ئۈچۈنمىكىن ياكى بىر ئۈستەلنى يالغۇز
ئىگىلەپ ئولتۇرغىنىم ئۈچۈنمىكىن، ھەمراھلىرىمدىن
ئۆزگىلەر ماڭا قارىشاتتى. ھەممۇ كۆلۈمسىرەپ باش
لىڭشىتىشىۋاتقانلارغا جاۋابەن باش لىڭشىتقاچ ئەتراپىمدى-
كىلەرگە قاراپ قوياتتىم. شۇ ئەسنادا توساتتىن ئىككى
ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە جامائەت بىلەن بىللە ئولتۇ-
رۇپ ناشتا قىلىۋاتقان بىر قىزغا كۆزۈم چۈشۈپ قال-
دى - دە، قولۇمدىكى چوكىنى تاشلاپ قويۇپ، شورپا
ئوتلىغاچ بۇ قىزغا تەپسىلىي قاراپ چىقتىم.

سەل سىرىقراق كەلگەن چىچى، قاشتېشىدەك سۈ-
زۈك چىرايى، قارا كۆزلىرى، قاپقارا قاشلىرىغا قاراپ
بۇ قىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغىلى بولاتتى.
قۇلىقىدا پىلدىرلاپ تۇرغان قەشقەر نۇسخىسىدىكى ياقۇت
كۆزلۈك مۇنچاق بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەتتى. «ئەجەب
ئىش، مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىر
تاۋاقتىن تاماق يەۋاتىدىكىنە» دېگەن ئوي كاللامغا
كىرىپ كەلدى - دە، يۈگۈرۈپ يېنىغا بېرىپ ئۆزۈمنى
تونۇشتۇرغۇم، ئۈستىلىمگە باشلاپ كەلگۈم، نەچچە ھەپ-
تىدىن بېرى ئاغزىمغا ئېلىپ باقمىغان ئانا تىلىم بىلەن
ئەھۋال سورىشىم كېلىپلا كەتتى. بولۇپمۇ نەزەرلىرى-
مىز دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ياغاچتەك قېتىپ قېلىش-
لىرى ۋە كېيىن يەرگە قارىۋېلىشلىرى بۇ ئىستىكىمنى
تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى.

ئورنۇمدىن تۇردۇم - يۇ، يەنە جايىمغا ئولتۇر-

# بىر قىزنىڭ مۇھەببەت تارىخى

ياز ئايلىرىنىڭ بىرى، دېڭىز ياقىسىدىكى S ئۆل-
كىسىنىڭ مەركىزىي شەھىرىدە داۋام قىلىۋاتقان يىغىن-
نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئانچە ھەشەمەتلىك بول-
مىغان بەش قەۋەتلىك مېھمانخانا بىناسى مەركىزىي
كوچىنىڭ بويىغىلا جايلاشقان بولۇپ، ئۇپۇق تېخى ئا-
قارماستىن بۇرۇن ئۆتۈشكە باشلايدىغان ئاپتوموبىللار-
نىڭ گۈرۈلدەشلىرى، ئەتىگەنلىك سىمپىناغا ئالدىرايدىغان
ۋېلىسىپىتلىك كىشىلەرنىڭ كۈچەپ قوڭغۇراق ئۇرۇشلىرى
مېھمانلارنى سەھەرلىك شېرىن ئۇيقۇنىڭ لەززىتىدىن
تامامەن مەھرۇم قىلاتتى. بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ ئوي-
غىنىپ كېتىپ ئەسنىگەن پېتىم مېھمانخانا ھويلىسىدىكى
يۇمىلاق گۈللۈكنى ئالاھازەل 20—30 قېتىم چۆگىلەپ
چىققىنىمدىن كېيىن ناشتىغا سىگنال بېرىلدى. ھەمراھ-
لىرىمنىڭ قاتارىدا تاماقخانىغا جۆنىدىم.

مۇسۇلمان بولغىنىم ئۈچۈن، ماڭا تاماق زالىنىڭ
بىر بۇرجىكىدە ۋاقىتلىق ئورۇن ھازىرلانغان ئىدى. ئاش-
خانىغا كىرىپ ناشتىلىقىمنىڭ تەييارلىنىش جەريانىنى
بىر قۇر نازارەت قىلىپ چىقتىم - دە، ئۈستىلىمگە

كىچىلىك بولغان مۇزاكىرىنىڭ ھېچبىرى زېھنىمگە چۈشمىدى. كاللامدا قانداقتۇر يېشىلمەي قالغان بىر سىر ئەگىپ يۈردى. يەنە شۇ قارا كۆزلەر، تونۇشتەك ئىسسىق چىراي، پىلدىرلاپ تۇرغان ھالقىلار كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن تەۋەككۈلسىگە ھېلىقى قىزنىڭ كەينىگە چۈشتۈم. بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشسام، 1—2 ئېغىز سۆز قىلىپ باقساملا كۇپايە ئىدى. ياكى ئۇنى غەيرىي مۇسۇلمانچە تاماق يېگەنلىكى ئۈچۈن ئىزا تارتقۇزۇپ قويۇپ، بولدى قىلاتتىم. ياكى تېپىشماققا جاۋاب تېپىپ بىھۇدە قىياسلاردىن خالى بولاتتىم.

ئىككىمىز لىفت ساقلايدىغان يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ مېنى كۆرۈپ ۋىللىدە قىزاردى - دە، لىفت ئىشىكى ئۈستىدىكى قەۋەت كۆرسەتكۈچكە قارىۋالدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ تۈگۈۋالغان چېچىغا ئىمپورت قىلىنغان تاغاق قىستۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپمۇ ئۈلگۈردۈم. ھالقىسىغىمۇ يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىۋالدىم. مۇشۇ قاراش بىلەن قايتا چىقارغان يەكۈنۈم بۇرۇنقى قىياسىمنى تەستىقلىماقتا ئىدى. لىفت ئىشىكى سىلىق ئېچىلدى. يۈزىنىڭ قىزىللىقى تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن قىز لىفتقا تەمشەلدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ بىلەن لىفت ئىچىدە ئىككىمىزلا بار ئىدۇق.

— سىڭىل، نەدىن كەلدىڭىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟

— ...

دۇم. «قايسى پاكىتقا ئاساسەن ئۇنى ئۇيغۇر دەپ ھۆ-
كۈم قىلىمەن، چاچلىرىغىمۇ، ھالقىسىغىمۇ؟ ئەگەر ئۇ
ساياھەتكە كەلگەن چەت ئەللىك بولۇپ قالسىچۇ؟ قىز-
نىڭ ئالدىدا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك پەيدا بولۇش،
ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆز تىلىم بىلەن بىر نەرسىلەرنى بىل-
جىرلاش ناتونۇش كىشىگە تاسادىپىيلىق ۋە مەدەنىيەت-
سىزلىك تۇيغۇسىنى بەرمەسمۇ؟»

بارلىق سەزگۈلىرىم ئىختىيارىمدىن تاشقىرى ئال-
دىنقى قىياسىمنى تەستىقلاپ تۇراتتى. قىزنىڭ پارقىراپ
تۇرغان ھالقىسىمۇ بۇ قىياسىمى تەستىقلاپ باش لىڭشىت-
قاندەك ھەدەپ پىلدىرلايتتى.

ناشتىنى ئادەتتىكىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇردۇم ۋە
ھېلىقى تېپىشماققا جاۋاب تېپىش مەقسىتىدە، قىز ئول-
تۇرغان ئۈستەلنىڭ يېنىدىن ئاتايىن ئەگىپ ئۆتتۈم.
بۇ چاغدا قىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان-
لار ئۇنىڭغا ھەر خىل سوئاللارنى تاشلىماقتا ئىدى. ئۆ-
تۈپ كېتىۋېتىپ قىزنىڭ «گېپىڭىزنى ئۇقمايمەن» دېگەن
مەنىدە باش لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. «ھە، ئۇ
چەت ئەللىك ئىكەن - دە» دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە ۋە
بۇ ھال كۆڭۈل رايىمغا سوغۇق سۇ سېپىپ ئۆتكەندەك
بىلىندى. چۈنكى شۇنچىلىك گەپنى چۈشەنمىگەن ئۇيغۇر.
يەنە كېلىپ قىز بۇنداق يىراق يەرلەرگە قانداقمۇ كې-
لەلەيتتى؟! شۇنداق قىلىپ ناشتىلىقىم مانا مۇشۇ تە-
رىزدە ئاخىرلاشتى. يېرىم قورساق قالغىنىمنىڭ ئۈستى-
گە يوقىلاڭ خىياللار بىلەن كاللامنى ئېلىشتۇردۇم، چۈش-

لەن بەنت بولۇۋاتقان قىزنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشۇم ئۇنى يامان چۆچۈپ ئويغانغاندەك گاڭگىرىتىپ قويدى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى تېزلىكتە ئوڭ-شاشقا ئۇلگۇردى. مېنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولىدىغانلى-قىمنى بىلمىدىغاندەك ئورنىدىن ئاستا تۇردى - دە، ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى.

بۇ يەردىكى ئۇچرىشىپ قېلىشىنىڭ تامامەن ئويلى-مىغان يەردىن بولغانلىقىنى، ئۇنى قەستەنگە ئىزدەپ كەلمىگەنلىكىمنى چۈشەندۈرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. كۆردۈمكى، قىزنىڭ يۈزىدى-كى قىزىللىق تامامەن يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل خاتىرجەملىك ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇ ماڭا قارىدى - دە، مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ مېنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك، ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى:

— هابىلجان، بۇ يەرگە قاچان كەلگەن ئىدىڭىز؟

مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىيالمايۋاتقان بۇ قىزنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئەھۋال سورىشى پىكرىمنى بىر-دىنلا قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بىر پەستە هاڭ-ۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم - يۇ، چېھرىلىكىم يەنە ئۈستۈن كەلدى. ئالاقزادىچىلىك ئىچىدىن ئۆزۈمنى تارتىۋالدىم - دە، جاۋاب بەردىم:

— كەلگىنىمگە بىر ھەپتە بولدى.

گۇمانىمنى ئېنىقلاش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا تېگىش-لىك بولغان جاۋابقا ئۇلاپلا هازىرچە تېگىشلىك بولمى-غان سوئالىمنى ئۇدۇللا قويۇپ:

ئۇ سوئال سورىغىنىمدىمۇ، سورىمىغىنىمدىمۇ ئوخـ
شاشلا بېشىنى چايقاۋەردى. بىراق چىرايى بارغانسېرى
تاتىرىشقا باشلىدى. ئارقىمۇ ئارقا قويۇلغان سوئالـ
لىرىمغا دەسلەپتە بېشىنى چايقىغان بولسا، مانا ئەمدى
يۈزىنى ئالقىنى بىلەن يۆگەۋالغان ئىدى. لىفت تۆتىنـ
چى قەۋەتتە، توختىدى. لىفتتىن چىقىۋېتىپ قىزغا قارىـ
دىم، ئۇنىڭ يۈزى ھېلىقىچە ئالقانلىرى بىلەن توساقـ
لىق ئىدى. بەشىنچى قەۋەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ لىفتـ
تىن چۈشىدىغان ئەلپازى يوق ئىدى.

ئېنىقكى، ئۇ ياتىقىنى بىلىپ قېلىپ سىرىنى ئېچىپ
تاشلىشىمدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. يەنە ئىككى ئېغىز گەپ
قىلساملا سىرىنى يوشۇرالمايدىغانلىقى ماڭىمۇ ئايان
ئىدى. ياتاققا كىرىپ كىرىسلودا يانپاشلاپ باقتىم.
لېكىن مۇخبىر بولغىنىم ئۈچۈن. كەسپىي مىجەزىم شۇنـ
داق، كاللامغا بىرەر ئىش كىرىۋالدىمۇ ئۇنىڭ تېگى —
تەكتىگە يەتمىگىچە ئارام تېپىشىم مۇمكىن ئەمەس.
شۇنداق قىلىپ بىر ئاز يېنىكلىۋېلىش ئۈچۈن يەنە مېھـ
مانخانا ھويلىسىغا چۈشتۈم. قولۇمنى ئەمەلدارلارغا ئوخـ
شاش كەينىمگە تۇتقان پېتىم گۈللۈكنى ئايلىنىشقا
باشلىدىم.

تەقدىرنىڭ شاپائىتى بولمىسا، قاچىمەن دەپمۇ
قاچقىلى بولمايدۇ، قوغلىغان بىلەنمۇ يەتكىلى بولمايدۇ.
تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، بىز يەنە ئۇچـ
رىشىپ قالدۇق. سايىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يالغۇز
ئولتۇرۇپ، قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ خىيال بىـ

بازىرىدا ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر ئاچچىق غەم ئالامەتلىرىنىڭ ئەكس يۈرگىنىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سورىغىنىمدا ئۇ مېنى خالىغا باشلاپ بېرىپ:

— قارىماسەن ئاداش، بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىسىر پاسىق چىقتى. ئىككىنچى سىڭلىمىز بېيجىڭدە ئوقۇۋاتاتتى، يېقىندا ئوقۇش پۈتتۈرۈپتۇدەك، ئاڭلىساق، ئۇ بۇ يەرگە قايتىپ كەلمىگۈدەك، دېگەن ئىدى.

مەن چاقچاق ئارىلاش:

— سەن دېگەن بايلارنىڭ بېيى تۇرساڭ، ئاتا - ئاناڭغا ئۆزۈڭ قارىيالايسەن، ھەرەمگە ئاپىرىپ كېلىمەن، دېسەڭمۇ قۇدرىتىڭ بار، سىڭلىڭ ياخشى ئوقۇغان بولسا كېرەك. چوڭ يەردە خىزمەت قىلسا مەيلى ئەمەسمۇ؟— دېيىشىمگىلا ئۇ:

— بولدى چاقچىقىڭنى قوي، ئۇ ئايىنىپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام بىر دىنسىزغا خوتۇن بولغۇدەك، نەلەرگىدۇر كەتكۈدەك، بىز بۇ يۈزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز، ئاداش، ئەمدى كەلمىسۇن، ئۇنداق سىڭلىم يوق، كەلسۇنچۇ قېنى، قانداق قىلىدىكەنمەن ئۇ قانجىقنى...— دەپ قايناپ كەتكەن.

ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلدى:

— بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟

— قانداق بولاتتى، ئېزىپ.

— ئېزىپ؟ قانداقمۇ ئېزىشىڭىز مۇمكىن؟

— ئىسمىنى قانداق بىلىسىز؟— دەپ سورىدىم.
— ئۇ يەنە مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. — دە،
— ئاكام گېپىڭىزنى كۆپ قىلاتتى. ئاكامنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزدىمۇ ئىككى قېتىم كۆرگەنمەن. بېيجىڭغا ئوقۇشقا مېڭىشىمدا ئاكام مېنى ئۇزاتقىلى كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە سىز بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭ سېلىشقان،— دېدى ۋە قوشۇپ قويدى،— ئەلۋەتتە، مېنى كۆرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.
— سىز دۆڭكۆۋرۈكتە ئولتۇرۇشلۇق قېيىۇم ئاقباشنىڭ سىڭلىسىمۇ؟
ئالدىرىغانلىقىمدىن قېيىۇمنىڭ لەقىمىنى تۇتۇپ تارتقىنىمغا سەل ئۇكۇندۇم ۋە جاۋاب كۈتۈپ قىزغا قارىدىم.
— توغرا دېدىڭىز، قېيىۇمنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، ئىسمىم گۈلباھار.
«ھە، قېيىۇمنىڭ ھېلىقى سىڭلىسى مۇشۇكەندە» دېدىم ئىچىمدە. قىزنىڭ جاۋابى ئايرىلغىنىمغا يىگىرمە كۈن بولغان قېيىۇم ئاقباشنى كۆز ئالدىمغا باشلاپ كەلدى. قاسساپلىق ھۈنىرىدە قىيامىغا يەتكەن قېيىۇم دۆڭكۆۋرۈكلىكلەرگىلا ئەمەس، يىراقتىكىلەرگىمۇ تونۇشلۇق يىگىت ئىدى. مەن ساي مەھەللىلىك لسامۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇن نەچچە يىل بۇرۇنلا تونۇشۇۋالغان ئىدىم. مەندىن 7—8 ياش چوڭ بولغان قېيىۇمنىڭ مەردلىكى، كەسكىن، ئىجەزلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى.
ئىككى ئاي بۇرۇن بولسا كېرەك. ئۇنى گۆش

— ئەقلىمدىنمۇ ئازدىم، يولدىنمۇ ئازدىم.

گۈلباھار سوئاللىرىمغا ناھايىتى چوست جاۋاب بەرمەكتە ئىدى. جاۋابلىرى سىرلىق ۋە قانائەتسىز يىراق ئىدى.

— ھازىر مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتامسىز؟

— كۆرۈۋاتىسىز...

— خىيالىڭچە تۇرامسىز؟

— بىر نېمە دېيەلمەيمەن، بىر بولسا كېتىمەن، بىر بولسا...

— نەگە؟

— كەتسەم، ئۇرۇمچىگە كېتىمەن - دە!

ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە قايتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. ئەگەر ئۇ قايتىپ بارىدىغان بولسا، قېيۇمنى بىرەر ئىش تېرىمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى. بۇ ئەھۋالدىن گۈلباھارنى خەۋەرلەندۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار - يوقلۇقى توغرىسىدا دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمىدىم. بىراق بىلىشكە قىزىقىدىغىنىم ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىن ئايرىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئىدى. يۇقىرىقى مەقسەت يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىمنى گۈلباھار ھېس قىلدى بولغاي، «نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانچە تاماق يېمەيسىز» دېگەن سوئالنى قويغىنىمدا، ئاندىن يەنە زۇۋانغا كەلدى.

— ھابىلجان، سىز بىلمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۇيۇلىمەن، بىراق، سىزگە ئىشىنىمەن،

قىزىقىشىنىڭ گىرادۇسىنى ئۆرلەتمەكچى بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەردىن يىراقلىشىپ قالىمىز، قىز دوستلىرىمىز بولسا، ھەسەت يۈزىسىدىن بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېتىملەرگە ئايلىنىپ قالىمىز. بۇ يەردىكى خاتالىق يىگىتلەرنىڭ قاراپ قويۇشىنى پاكى يېقىنلىق قىلىشنى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ قارىغانلىقىمىزدا. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراپ قويۇشىمۇ ۋە يېقىنچىلىق قىلىشىمۇ نورمال ئالامەتلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەن بەزى قىزلارغا ئوخشىمايمەن. يىگىتلەرنىڭ تەبىئىي مۇئامىلىسىنى باشقىچە چۈشىنىپ يۈرمەيمەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش، ساۋاقداشلار ئارىسىدا ساۋاقداشلىق مېھرى دېگەن نەرسە مەۋجۇتتە!

×× ئاي، ×× كۈن.

مېنىڭچە، ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردەك قىلىدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ قارىشى باشقىچە، كۆزۈمگە تىكىلگىنىدە يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىچۇ، ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى ئارىسىغا قانداقتۇ سۆز ۋە قانداقتۇ سىرىيوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ. بىردوستىنىڭ ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىنى ماڭا ئالاھىدە ئەسكەرتىشىدىن مەقسەت نېمە؟ ئاللىقاچان ئىشلەپ بولغان تاپشۇرۇقىنى ماڭا قايتا كۆرسىتىشىدىن، ۋاقتىنى سورۇشتىن مەقسەت نېمە؟ توغرا، بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن يىراق شىنجاڭدىن بۇ سىنىپقا كەلگەندە غەيرىي مىللەتتىن بولغان يىگانە ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يېتىمسىرىگەنمەن. ئۇ ماڭا يېقىنچىلىق قىلغان، خەنزۇ تىل- يېزىقىنى پىششىق

سىز ئوقۇغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكامنىڭ يېقىن ئاغىنىسىسىز، بىر نەرسە بېرەي، كۆرۈپ بېقىڭ - دە، بىلمەكچى بولغىنىڭىزنى بىلىۋېلىڭ.— دېدى ۋە ئازراق ساقلاشقا دەۋەت قىلىپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئېلىپ چىققىنى تاۋار تاشلىق بىر يېشىل خاتىرە ئىدى. ئۇ خاتىرىنى ماڭا ئۇزىتىۋېتىپ:

— جەزمەن ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىسىز - ھە؟ — دېدى.

رازىلىق بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئۇ ياتىقىغا قايتتى.

چۈشتىن كېيىن يىغىنىڭ نۆۋەتتىكى كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، تاغ سەيلىسىگە بارماقچى بولۇپ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشتۇق. مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، گۈلباھارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. خاتىرە تۆت بۇرجەك ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ئىدى.

× ×

...

قىزلار غەلىتە بىر دۇنيا بولساق كېرەك. يىگىتلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشنى ئويلايمىز - يۇ، يىگىتلەر راستىنلا قىزىقىشقا باشلىسا، دەرھال غادىيىۋالىمىز. كۈلكىلىك يېرى شۇكى، بۇنداق قىزىقىشنى كۆپىنچە ھاللاردا خاتا چۈشىنىۋالىمىز. بىزنى ياخشى كۆرسە كېرەك دەپ تەھقىقلەشتۇرىمىز - دە. ئۆزىمىزنى تارتىپ

ھېسسىيات ئويغانمىسۇن. مېنىڭكى ھەم.

×× ئاي، ×× كۈن.

بۈگۈن مېنى قارا باستى. دەرستىن چۈشكەندە نېمە ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە قايتمىغاندىمەن؟ دەپتەر - قەلەملىرىمنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ئۇ يېنىمغا كەلدى - دە، ئەتە كەچتە مېنى مەكتەپ باغچىسىنىڭ يېنىدا كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاۋۋال ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاي، ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى. بەلكى ئۇ ماڭا ئىمتىھان سوئاللىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەر... ئىش قىلىپ ئەتە كەچتە ھەممە ئىش ئۆتمۈش بولۇپ قالىدىغۇ!...

×× ئاي، ×× كۈن.

كېچىدە چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىمدا ھەر خىل پەرەز ۋە خىياللار ئارىسىدا تۈنىدىم. مەن مۇھەببەت كىتابلىرىنى تولا ئوقۇيتتىم. كىتابلاردا يېزىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ماڭا دېمەكچى بولغىنىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس. توۋا، ئۇ ئۇنداق دېمىسۇن! زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

×× ئاي، ×× كۈن.

بىز ئۇچراشتۇق. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگىنىنى يازمايلا قوياي، بۇ مەڭگۈ سىر بولۇپ قالسۇن، بىراق شۇ ئاخشامدىن باشلاپ ماڭا بىر قورقۇنچ ئولاشتى. مەن نېمە ئۈچۈن يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم؟ نېمە ئۈچۈن يۈرىكىم كۆكسىمدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغاندەك تېپچەك

ئۆگىنىشىمگە ياردەم قولىنى سۇنغان، بۇنى ئۆمۈرۋايەت
ئۇنتۇمايمەن. بىراق بۇندىلىق بىلەن باشقىچە مۇناسىۋەت-
نىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

×× ئاي، ×× كۈن.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچ، يىگىرمە نەچچە ساۋاق-
داش سەددىچىن سېپىلىگە سەيلىگە چىقتۇق. گۈزەل مەن-
زىرىلەرنى قانغۇچە تاماشا قىلىشتۇق. ساۋاقداشلار تە-
رەپ - تەرەپكە تاراپ كەتكەندە، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ماڭا
ياندىشتى، شىنجاڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
گۈزەللىكىم ئۈچۈن مېنى ماختىدى. ئۇنى - بۇنى سورى-
دى. گەپ - سۆزىدە ۋە ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدا ئادەتتىن
تاشقىرى بىر خىل يېقىنچىلىقنى سەزدىم. بۇ، قىزلارنى
خاتالاشتۇرىدىغان ھېلىقىدەك قىزىقىشتىن ھالقىپ كەت-
كەندەك قىلىدۇ. ئەگەر راستتىنلا ئۇنىڭدا باشقىچە بىر
ھېسسىيات ئويغىنىپ قالغان بولسا، قانداق قىلىش كېرەك؟
دۇرۇس، ئۇ ياخشى يىگىت، ھەرقانداق قىزنى ئۆزىگە
جەلپ قىلالايدىغان يىگىت، لى لىننىڭ ئۇنى ئەگىپ غىل-
جىڭلاپ يۈرۈشلىرى بىكار ئەمەستە. بىراق، مەن لى لىنغا
ئوخشىمايمەن. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇ-
رۇشتا تىل جەھەتتىن قىينالمىغىنىم بىلەن، بىز يەنىلا
ئىككى مىللەت، نۇرغۇن ئورتاقلىقتىن ئۆزگە، مەن ھال-
قىپ ئۆتەلمەيدىغان چوڭ بىر ھاڭ مەۋجۇت. ئەگەر
ئاشۇ ھاڭدىن ئاتلاپ ئۆتىمەن دەيدىكەنمەن، سۆزسىزكى،
ھالاك بولىمەن، مەڭگۈلۈك نەپرەتكە قالىمەن، ئەڭ
ياخشىسى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق

ئىقرار قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىمەن. ئۇنىڭدىكى ئوت ماددىسىمۇ تۇتاشقان بولسا كېرەك. ئەجەب ئەمەس، ئۇنى كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلىدۇ. كۆرسەم ئۆزۈمنى تۇتۇشلىرىم باشقىچە. ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنىم يوقمۇ؟ كۆرگەنلا نەرسىدىن خۇدۇكسىنىدىغان بولۇپ قالغىنىم قىزىق. خۇددى جىسمىمدا بىرەر ئەيىبىم باردەك. ئۇ بار يەردە يۈرىكىملا ئەمەس، ھەتتا ئاياغلىرىممۇ رېتىمىدىن ئېزىۋاتىدۇ.

×× ئاي، ×× كۈن.

قىزلار ئوغۇللاردىن ئاجىز كېلىدىغان ئوخشايمىز. ئۇلار چىدىغان يەردە بىز چىدىمىساق كېرەك. بۈگۈن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى خالاپ قالدىم.

×× ئاي، ×× كۈن.

يېقىندىن بۇيان مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە مۇقەددەس دېگەن نەرسىگە ئىشىنىدىغان بولدۇم. كەلگۈسىدىكى كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى ئويلايمەنكى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلىمايمەن. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، چوڭ بولسا ئاتا - ئانام مەندىن ۋازكېچەر ۋە بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرارمەن. كەلگۈسىدە بەختىم ئېچىلغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالمايمەنمۇ؟

توغرا، ئاتا-ئانامنى رەنجىتمەسلىكىم لازىم ئىدى. ئۇلار مېنى قاتارغا قوشقۇچە قانچىلىك ئەجىر تارتمىدى. بۇنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن. شۇنداق پەيتلەر كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ مېھرىنى ياندۇرىمەن. ئۇلارمۇ بىلىشى

لەيدۇ؟ ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگىنىنى خاتىرە مىناق سەھىپە-
لىرىدىن پىنھان تۇتسامۇ، سۆزلىرىنىڭ ماڭا تەسىر
قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەقىلگە
سىغمايدىغان ئىش. كۆڭلۈمگە ئېھتىيات بۇيرۇقىنى بەر-
مىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

×× ئاي، ××كۈن.

مانا، بىرەر ھەپتىدەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ماڭا
قايتا ئېغىز ئاچمىدى. بىراق، مەيۈسانە قاراشلىرى ھەم-
مىنى سۆزلەپ تۇرىدۇ. كۆزلىرىدىن نېمىلەرنىدۇر تەلەپ
قىلىدۇ، ئۈمىدسىزلىك ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغان بولسا
كېرەك. مانا بۇ يامان ئالامەتلەر. يۈرىكىمدە ئويغانغان
ھېسداشلىق ئىنسانىي ھېسداشلىقمۇ ياكى بىر ھېسسىياتمۇ؟
نېمىلا بولمىسۇن قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى كۆرۈش كېرەك.
مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن ھېسداشلىقمۇ. يەنە-
باشقا نەرسىمۇ ئويغانماسلىقى كېرەك.

×× ئاي، ××كۈن.

كۆڭۈل دېگەن مانا شۇنداق نېمىكەن، كۆڭلۈم
ماڭا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ ئىتائىتىمدىن باش تارتتى.
ئۇ مەندىن نېمىلەرنىدۇر يوشۇرىدۇ. ماڭا تويدۇرماي دە-
لەرگىدۇر ئۈچۈپ كېتىدۇ. ئۇنى نەچچە قېتىم ئەدەبلىدىم-
يۇ، ئۇ مېنى رەت قىلىدۇ. مەن قاچقان تەرەپكە ئۇ ئې-
تىلىدۇ. ياق، كۆڭلۈمنىڭ تىزگىنىنى جەزمەن ئۆز قو-
لۇمغا ئېلىشىم كېرەك. مەن كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە ئەمەس،
كۆڭۈل مېنىڭ كەينىمگە كىرىشى كېرەك.

×× ئاي، ×× كۈن.

ۋېرىمىز، لى لى بارمىقىنى چىشلىگەن پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن مېنىڭ نەرىم كەمكەن؟

×× ئاي، ×× كۈن.

خىيالىنىڭ كاللاڭغا رۇخسەتسىزلا كىرىۋېلىپ ئادەمنى قىينايدىغىنى بەكمۇ يامانكەن. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم توق، نېمىدىندۇر كۆڭلۈم پەرىشان. ئۆزۈمنى دېچىنېمىگە باش ئەگمەيمەن دەپ ھېسابلاپ خاتا قىلدىممۇ نېمە؟ بەزىدە چۈش كۆرىمەن، چۈشۈمدە ئاتا ـ ئانام، تۇغقانلىرىم قوللىرىنى چىنەپ مېنى ئەيىبلەيدۇ. بۇرۇنقى دوستلىرىم ئارىلىرىغا ئېلىۋېلىپ، مېنى ھاڭلاردىن چوڭقۇرلۇقلارغا ئىتتىرىۋېتىدۇ، تۈكۈرىدۇ...

قاچاندۇ بىر چاغلاردا يامان چۈش ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى دەپ ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە، بەلكىم ئىشىم خەيرلىك بولار، بەلكى توغرا قىلغاندىمەن. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، يۈرىكىم چىدىمايدۇ.

×× ئاي، ×× كۈن.

نېمىلا دېگەن بىلەن تۇغۇلغان يۇرت دېگەن باشقا گەپتە. ئۇ كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن، ئاتا ـ ئاناڭ، دوستلىرىڭ... ھەممە نەرسەڭ تۇرىدىغان جاي. پويىز جەنۇبقا قاراپ قوزغالغاندا، يۈرىكىمگە باغلانغان، مېنى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان ئارغامچا ئۈزۈلگەندەك بولدى، كۆزۈمگە ياش قاپلاشتى. ئۇ مېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ: «كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ نېمە قىلىسەن، بىزنىڭ يۇرتنى كۆرسەڭلا، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ قۇملۇقىدىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن» دېدى.

كېرەككى، مۇھەببەت دېگەن ئەركىن نەرسە، غايىب نەرسە، مۇھەببەت دېگەننىڭ مىللەت ئايرىمايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلسىچۇ، كاشكى.

×× ئاي، ×× كۈن.

ئىشىنىمەنكى، ئۇ ماڭا ھەممە نېمىسىنى قۇربان قىلىۋېتەلەيدۇ. مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇكى، مەندىن ئايرىلىپ بىرمىنۇتمۇ ياشىيالمايدۇ. يېقىندا ئۆيدىكىلەردىن خەت كەپتۇ. مېنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ، پاتراق قايتىپ كەلسەڭ دەپ تىلەپتۇ. ھېسابتا كەلسە، ئىككى كۆزىنىڭ بىردىنى ئويماي ئامال يوق. ئۇلارغا بىر دەر يىلغىچە خەت يازمىسام بولمىدىغۇ، كېيىن بۇدرۇق نەۋرىسىنى ئېلىپ ئالدىدا پەيدا بولايچۇ، كۆيۈنۈغلۇم، مېنى تۆرگە ئۆت دېمىگىنىنى!

×× ئاي، ×× كۈن.

بىز قەسەم قىلىشتۇق. مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا ۋەدە بەردۇق. ئۇ ماڭىلا ئەمەس، ئۆرپ - ئادىتىمىگىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى. باشقىسىغا كەلسەك، مەنمۇ مۇتەئەسسىپ دىندار ئەمەس، بەلكى 80 - يىللاردىكى بىر ياش، شۇنداق بولغاندىكىن نېمىدىن ئەنسىرەيمەن؟ ئوقۇش پۈتتۈرۈش پەيتى يېقىنلاۋاتىدۇ. مۇناسىۋىتىمىزنى مەكتەپكە ئۇقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەيلى. يۇرتۇمغا تەقسىم قىلسا قىلىۋەرسۇن، چاتىقىم نېمە، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دىپلومنى ئېلىپ قەيەرگىلا بارساق، خىزمەت تېپىش مۇمكىن ئىكەن. ئاتىسىمۇ ياردەم قىلالايدىكەن. خەير، ئىمتىھان تۈگىسۇن، مەكتەپتىن قۇتۇلايلى، كېتى-

××تاي، ×× كۈن.

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ دوستلىرى، تونۇشلىرى ئۆيگە توشۇپ كەتتى. مېنىڭ ئۆزى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن پاكىنەك، چېچىلىرى تاشقىرىغا چىقىپ تۇرغان بىر يىگىت ماڭا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ قىز دوستلىرى بولسا بىر نىمىلا، ئۇلار ئېھتىمال مېنىڭ چىرايىمدىن ھەسەت قىلسا كېرەك. بولمىسا نېمىشقا ئۇنداق يىچىرلىشىدۇ؟

كەچلىك تاماقتا ھەممىمىز بىر ئۈستەلگە جەم بولدۇق. تاماق، سەيلەر خېلى مول بولدى. مەن ئۇ نەلەردىندۇ ئەپكېلىپ بەرگەن قوي گۆشى بىلەن ئۆزۈم قول سېلىپ ئەتكەن تاماقنى يېدىم. ئاھ، كېلىشمەسلىك، بىر چاغدا «قېيىن ئانام» چوڭ تەخسىدىن بىر توغرام گۆشنى قىسىپ ئېلىپ قاچامغا سېلىپ قويدى. كۆڭلۈم بىردىنلا غەش بولۇپ ياندۇرغۇم كېلىپلا كەتتى. نېمە ئىلاج، قول ياغلىقىم بىلەن ئاغزىمنى توسۇپ ئولتۇردۇم. تاماق يېيىشتىن توختاپ قالغىنىمنى كۆرگەن «قېيىن-ئانام» بىردىنلا چوكىسىنى تاشلاپ تەتۈر قاراپ غۇتۇلداشقا باشلىدى. ئۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆردى - دە، بىردىنلا جىددىيلىشىپ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى. «قېيىن ئانام» دىمىغىنى قېقىپ تۇرۇپ: «ۋاييەي، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇقلۇق يەنە دىنىغا ئىشەنگىنىنى، ئالىي مەكتەپتە نېمىنى ئوقۇغاندۇ بۇ خېنىم، تەنگە دەرمان بولىدىغان نەرسىنى يېمەي، نېمىنى

بۇ گەپ ماڭا ئانچە ياقمىدى. قانداقچە ياقمىغىنىنى ئانچە ئۇقالمايسەن، ئىشقىلىپ مەن ۋاز كەچكەن يۇرتنى باشقىلارنىڭ داختاپ كۆكلەرگە ئۇچۇرۇشى مۇمكىن ئەمەستە؟!

مەيلى، خەير، ئالدىمغا قارىشىم كېرەك. كەينىمگە قاراشتىن ئەمدى پايدا يوق، پەيت ئۆتۈپ كەتكەن.

××ئاي، ×× كۈن.

ھېسابلاپ باقسام بىر كېچە - كۈندۈزگە يېقىن يول يۈرۈپتۇق. كۈن ئولتۇراي دېگەندە ۋوگزالغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ پويىز توختىماستىن تۇرۇپلا دېرىزىدىن قاراپ كىملەرنىدۇ كۆردى - دە، ۋارقىراشقا باشلىدى. پويىزدىن چۈشۈۋېتىپ قارىسام ئۇ چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، كۆزەينەكلىك بىر كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپتۇ. يېنىدا پاكار ۋە سېمىز كەلگەن بىر ئايال ۋە ئىككى قىز تۇرۇپتۇ. بىر چەتتە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى كۆردى - دە، مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى. كۆزەينەكلىك كىشى ئۇنىڭ دادىسىكەن، ئايال بولسا ئانىسىكەن، زامانغا لايىق كىيىنگەن ئىككى قىز ئۇنىڭ سىڭىللىرى ئىكەن. ئۇلار ماڭا تازا سەپسېلىپ قارىشىۋالدى. دادىسى ئالدىمغا كېلىپ: «ھارمىغايسىز» دەپ ئەھۋال سورىدى. ئۇ مېنى «ساۋاقدىشىم» دەپ تونۇشتۇرغاچقىمۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ماڭا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى. بۈگۈنچە ھاردۇقىمنى چىقىرىۋالاي، كىملىكىمنى ئەتە تولۇق بىلىشەر، ئۇ چاغدا يېڭىباشتىن مۇڭدىشىۋالارمىز.

غا چۆگىلىگەچ ئاياغلىرىم زادى ئەپلىشىپ بەرمىدى. ئۇ ئاجىزلىقىمنى بەلگۈلىپ ھەدەپ كۈچەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا بىر ئاۋۇنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ چالا بوغۇزلاپ تاشلانغان توخۇدەك پالاقلىمدەم يىقىلدىم. پاكىنەك ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ: «ئاپاقلار، شىنجاڭلىق تومپايغا! ئۆمرىدە تانسا دېگەن نەرسىنى كىزرۇپ باقماپتىكەن ـ دە» دېۋەتتى. ئەتراپتىكىلەر: «تۇز يەردە پۇتلىشىپ كەتمەي مېڭىپ باقسۇنچۇ قېنى»، «مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ كاۋاپچىلىق قىلسا بولغۇدەك» دەپ مازاق قىلىشقىلى تۇردى. پاتپاراقچىلىقتا. مازاق كۈلكىسى ئارىسىدا ئۇ ئۆز دوستلىرىغا نېمىلەرنىدۇ چۈشەندۇرەتتى. ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدىم: «قېنى كىم ياۋروپاچە تانسا ئوينىيالايدۇ. تۇرۇپ باقسۇن، ئوڭدىن سولىسا چۆگىلەپ باقسۇنچۇ» دېۋەتتىم. يەنە مازاق كۈلكىسى كۆتۈرۈلدى. «پاھ، قاراڭلار، ياۋروپا دېگەن گەپنى نەدىن ئۆگىنىۋالغاندۇ»، «تانسىدا ئوڭدىن سولغىمۇ چۆگىلەمدىكەن» دېگەن ئاۋازلار ئۆينى بىر ئالدى. مەن بولالمىدىم، ئىككى قولۇم بىلەن قولقىمنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ ھوجرىغا قاراپ يۈگۈردۈم.

×× ئاي، ×× كۈن.

ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن ئىشىنىمەن، مەسخىرىلەرگە چىداشلىق بېرىپ مېنى بار كۈچى بىلەن قانات ئاستىغا ئېلىشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ؟ ئىشىنىمەنكى، مۇھەببەت ھەممىدىن ئەلا، مۇھەببەتلا ئۇنى مەندىن ئايرىمايدۇ. چىن مۇھەببەت بولسىلا ماڭا يېتەرلىك. تەنە، مەسخىرە دېگەنلەر ئاخىرى

يەيدىكەن-تاڭ» دېۋەتتى. يۈزۈم قىزىرىپ يېرىلىپ كېتەيلا
دەپ قالدىم. «قېيىن ئانام» بۇ ئۆينىڭ ئەڭ چوڭ خو-
جايىنى بولسا كېرەك. ئۇ ئۇنىڭغا يېلىنىش ئاھاڭىدا يال-
ۋۇرغىلى، چۈشەندۈرگىلى تۇردى. «قېيىن ئاتام» مەلۇم
داشۆدە پروفېسسور ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا
تەييارلىنىپ تۇردۇم. لېكىن ئۇ «قېيىن ئانام»غا قاراپ
ھومىيىپ قويدى - دە: «مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك
دۆلەت، ھەرمىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادىتى
بار، بىز بۇددا ياكى خرىستىئان دىنىغا ئىشەنگەندەك،
ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ، مەيلى ئۇ يېمىسە-
يېمىسۇن، زورلاپ نېمە قىلىسەن» دەپ قويدى. بۇ گەپ
يېڭىلا پەيدا بولغان يۈرەك جاراھىتىمگە مەلھەم بولدى.
«قېيىن ئانام»مۇ جىمىدى، مەنمۇ بېشىمنى كۆتۈردۈم.

×× ئاي، ×× كۈن.

بىر كۈنى كەچتە ئۇ مېھمان چاقىردى. كۆزنى
قاماشتۇرغۇدەك كىيىنىشكەن ئون نەچچە جۈپ ئوغۇل -
قىز يەپ-ئىچىپ قىزىشقاندىن كېيىن تانسىغا چۈشۈشتى.
مۇزىكا ئەمدى باشلىنىشىغا پۈزۈر كىيىنگەن بىر چىرايلىق
قىز ئۇدۇل كېلىپلا ئۇنى تانسىغا تارتتى ۋە مەيدانغا
چۈشۈۋېتىپ ماڭا غالىبلارچە كۆز قىسىپ قويدى. مەن
ئۇلارنىڭ ئوينىشىغا قىزىقىپ قېلىپ، ھېلىقى پاكىنەكنىڭ
ئالدىغا كېلىپ سېرىكچىلەردەك تازىم قىلىپ تۇرغىنىنى
تۇيمايلا قاپتىمەن. ئۇ قولىدىن شاخ سۇندۇرغاندەك قاس
چىقىرىپ مېنى تانسىغا تارتتى. ئىككى - ئۈچ قەدەم
چامدىغاندىن كېيىن پىرقىرىتىشقا باشلىدى. ئۇ سولدىن ئوڭ-

خەۋەر تېپىپ كەپتۇ. ھەدىسى سىڭلىسىغا بۈگۈن ئىشتىن كېلىۋېتىپ، شىنجاڭلىق بىر كاۋاپچىنىڭ بازار باشقۇرغۇچىدىن قېچىپ قانداق يۈگۈرگەنلىكىنى، مۈرىسىگە ئېلىۋالغان كاۋاپداننىڭ مۈرىسىنى قانداق كۆيدۈرگەنلىكىنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. سىڭلىسى يەنە بىر شىنجاڭلىقنىڭ خەنزۇچە تىلنى قانداق بۇزۇپ سۆزلەيدىغانلىقىنى دوراپ بەردى. ئۇلار بىر ھازا كۈلۈشۈپ پۈخادىن چىققاندىن كېيىن، مېنى ئەمدىلا كۆرگەندەك تىللىرىنى چىقىرىشىپ قويۇپ يۈيۈنۈشقا چىقىپ كەتتى. ئۇلار تەسۋىرلىگەن شىنجاڭلىقنىڭ بىرەر تۇغقىنىم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.

×× ئاي، ×× كۈن.

ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، ئۇمېنى يەنە تاماق ئۇستىلىگە باشلاپ كەلدى. «تېيىن ئانام» بۈگۈن قاچامغا گۆشمۇ سالمىدى. قوي گۆشى تېپىلمايۋاتقىنى ئۈچۈن ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى خامسەي ۋە لازا بىلەنلا بولۇۋاتىمەن. لېكىن «تېيىن ئانام» تاماق يەۋېتىپ «شىنجاڭلىقلار كۆكتات يەمدۇ، شىنجاڭدا كۆكتات بارمۇ»، «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى گۆش دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ»، «شىنجاڭ دېگەن قۇملۇق تۇرسا، شۇنچە تاتلىق قوغۇن - تاۋۇزلار، ئۈزۈملەر تەشتەكتە ئۆستۈرۈلەمدۇ» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ تۇردى. ئۇنىڭ دادىسى «تېيىن ئانام»غا بىرقانچە قېتىم ھومىيىپ قويدى. ئىككى قىز بولسا مەندىن جاۋاب كۈتكەندەك ۋە نېمە دېسەممۇ ئوخشاشلا جاۋابتىن تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئالدىن

بىر كۈن تاڭدىكى تۇماندەك تارقىلىپ كېتىدۇ، مۇھەببەتىمىن باشقىسى بىكار...

×× ئاي، ×× كۈن.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇ ئۆزىنى يېڭى خىزمەت ئورنىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشقا قاتراۋاتىدۇ. يالغۇزلۇق، ئۆيدە «قېيىن ئانام» بىلەنلا قېلىش ماڭا ئېغىر تۇيۇلىدۇ. بۈگۈن ھۇجرىدا خاتىرە يېزىۋېتىپ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ: «سەن نېمىنى بىلىسەن. باشقا مىللەت بولسا نېمە بوپتۇ. سەن تارىخنى ئۇقمايسەن. بۇرۇن خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر قىز بېرىپ، قىز ئالغان ئىشلار بولغان. ھازىر بولسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ گۈلى (ئۇلار مېنى گۈلى دەيدىغان بولۇۋالغان) بىر ئوبدانلا قىز تۇرىدۇ. ئوغلىمىز ياخشى كۆرىدىكەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك» دەۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن «قېيىن ئانام» مېنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ. قېيىن ئانىنىڭ كېلىنىنى ياخشى كۆرگىنى نەدە بار؟

×× ئاي، ×× كۈن.

ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسى بىلەن بىر ھۇجرىدا يېتىپ-قوپۇۋاتقىنىمغا ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. بويىغا يېتىپ قالغان بۇ قىزلارنىڭ بىرى مەلۇم بىر زاۋۇتتا، يەنە بىرى، بىر كۆكتات ماگىزىنىدا ئىشلەيدىكەن. ئۇلار ئىشتىن يېنىپ چۇرقىراشقان پېتى ھۇجرىغا كىرىپ كېلىشىدۇ. ھەرقايسىسى ئۆزى ئاڭلىغان يېڭى خەۋەرلەرنى چاڭىلداپ تۇرۇپ ئېيتىشىدۇ. ئۇلار بۈگۈنمۇ يېڭى

پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ كېيىم - كېچەك ياكى پۇلدىن غەم قىلدۇرمىغان. مانا ئەمدى ئالتە تەڭگە تاپالايدىغان بولغىنىمدا نەلەردە يۈرىمەن؟ كۈن ئۆتكەنسېرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بىر تاغ ئۈستۈمدىن بېسىپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن. نېمىلەردۇ يۈرىكىمنى تاتىلاۋاتقاندەك بىر سېزىم جىسمىمدا پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ئۆز مۇھەببىتىمگە سادىق بولدۇم، مۇھەببەت بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن. دەپ ھېسابلاشلا مېنى بۇ خىل سېزىمدىن يەڭگىللەشتۈرىدۇ. توغرا، يەنىلا شۇنداق ئويلاش كېرەك. مەن بەلكى چىن مۇھەببەت يولىدا ئەزىيەت تارتىۋاتقاندىمەن، ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەۋاتىمسام كېرەك.

× × ئاي، × × . كۈن.

ئۈنىڭ ئىشچى سىڭلىسى ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلىدۇ، ئۆزىچە چالىۋاقاپ ئۇيقۇمغا ئارام بەرمەيدۇ، ئەمدىلا كۆز يۇمسام يەنە بىر سىڭلىسى ئىشقا ئالدىرايدۇ. كۆڭلىرىمنى «راھەت» ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمغا تارلىق قىلىپ بىر نەرسىلەرنى قەستەن تاراق - تۇرۇق قىلىدۇ. ئۇ يېڭى خىزمەت ئورنىغا قاتراشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن زېرىكىش ۋە بىزارلىق ھېس قىلماقتىمەن. خىزمەت مەسىلەم ئۈستىدە بولىدىغان سۆزلەر بارا - بارا ئازىيىپ كەتتى. ھەتتا ئۇمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدىغان بولۇپ قالدى. بىكار يېتىپ ئۆي مەئىشەتلىرىنى قوراتقۇچى بولغىنىم ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىنىدىغان گەپ ئىكەن. «قېيىن ئانام»-

بىلىدىغاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇشتى. ئ[...] ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك بېشىنى كۆتۈرمەي تامىقىنى يەۋەردى. نېمە دەپ جاۋاب بېرەي، كۈلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ؟

× ئاي، × × كۈن.

تۈن بويى ئاتا - ئانامنى ۋە دوست - يارانلىرىمنى چۈشەپ چىققاچقا شۇنداقمۇ، بۈگۈن دادامنىڭ سۈرلۈك ۋە مېھرىبان چىرايى، ئانامنىڭ مۇلايىم تەبەسسۇمى كۆز ئالدىمدىن پەقەتلا كەتمىدى. ئۇلار بىلەن بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋال تەتىلدىن قايتقىنىمدا ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان ئىدىم. ئۇلارنىڭ قول پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ كۆزىگە ياش ئالغان قىياپىتى يۈرىكىمگە سۈرەتتەك ئورناپ قالغان ئىدى.

دادام مىجەزى چۇس ئادەم، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ماڭا ھەممىدىن بەكرەك ئامراق بولسا كېرەك. كىچىكىمدە مېنى ئەركىلەتسە ياكى بويىنىغا مىندۈرۈپ ھويلىنى ئايلاندۇرسا، سىڭىللىرىم ۋە ئاكام ھەسەت قىلىپ تىللىرىنى چىقىرىشىپ مېنى «جىن» دەيتتى. ئانام دادامغا: «قىز بالا دېگەننى ئۇنداق ئەركىلەتسە بولمايدۇ. كېيىن دادىسىنىڭ گېپىنى قۇلاقتا تۇتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېسە، دادام «ئەركىلەتكۈم كەلسە، ئەركىلىتىمەن، ئۇرغۇم كەلسە ئۇرىمەن، لېكىن قىزىمىز ئەقىللىق چوڭ بولۇۋاتىدۇ. كېيىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. دادام ئۆمرىدە مېنى ئەركىلەتكەن، ئەمما ئۇرۇپ باقمىغان.

يالغۇزلۇق دېگەن راستتىنلا يامان ئىكەن. بىكار ئولتۇرۇشقا تاقىتىم تۈگىدى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تەۋەككۈل دېدىم - دە، كوچىلارنى ئارىلاپ باقماقچى بولۇپ تاشقىرىغا چىقتىم. بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كوچىلار ئاخىرى خىيال لەشكىرى تەرىپىدىن ئەسىر قىلىنغان مېنى ئاداشتۇردى. پۈتۈن ئېسىمنى يىغىپ ئۆيگە قايتىش تەرەددۇتىغا چۈشتۈم. قانچە يوللاردىن كېسىپ ئۆتكەنلىكىمنى، قانچە خالتا كوچىلاردىن قايتىپ چىققانلىقىم ئېسىمدە يوق. كەچ كىرىپ قالدى. بىر بىنانىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىپ چوڭ يولغا چىقىپلا تۇرغان يېرىمدە قوزۇقتەك قېتىپ قالدىم، چۈنكى ئۇ ۋېلىسىپىتلىك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. خۇددى بىپايان دېڭىزدا ئېزىپ قېلىپ تويۇقسىز يول كۆرسەتكۈچى ماياكنى كۆرۈپ قالغاندەك ئۇنى توختاتماقچى بولۇپ ۋارقىراشقا تەمشەلدىم - يۇ، كۆزۈم ئۇنىڭ كەينىدىكى كەڭ گىرۋەكلىك قالپاق كىيگەن، قوچاقتەك ياسانغان بىر قىزغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھېلىقى ئاخشىمى ئۇنى تانسىغا تارتقان ياسانچۇق قىز ئەمەسمۇ؟ ياكى خاتا كۆرۈپ قالدىممۇ ۋە سېزىمىم مېنى ئالداپ قويدىمۇ؟

كۆڭلۈم، يەنە مۇشۇ بەڭباش، خائىن كۆڭلۈم ماڭا: «خاتا تونۇپ قالدىڭ. ئۇ باشقا بىرسى ئەمەسمۇ، سەن ئۇنى ئوقتەك كېتىۋاتقىنىدا يان تەرىپىدىن كۆردۈڭ ئەمەسمۇ؟» دەۋاتاتتى. راست، بەلكى خاتا كۆرگەندىمەن، بۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن نېرۋامنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى ئاداشتۇرۇشى بولسا كېرەك ياكى قىزلارغا خاس كۈندەش-

نىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن بولسىمۇ قاچا قومۇچلارنى يۇيۇۋەتمەكچى بولمەن. لېكىن «قېيىن ئانام» يۇگۇرۇپ دەسمالنى قولۇمدىن تارتىۋالدى ـ دە خۇددى ۋابا مىكروبى يۇقۇپ قالغاندەك، سائەتلەپ يۇيۇپ چىقتى. ئۆينى سۈرتۈپ قوياي دېسەممۇ قولىمنى كەينى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ھۇجرامغا كىرىپ كېتىش- كە بۇيرۇيدۇ. ئەمدى مەن نېمە قىلاي؟

× × ئاي، × × كۈن

ھېسابلاپ باقسام بۇ ئۆيگە كەلگىنىمگە قىرىق كۈن بولاي دەپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى كوماندىرۇپكىغا كەت- كەندىن بېرى مېنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىم، نېمە يەۋاتقى- نىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. بۇ ئىشقا چۈشۈپ- كەتكىلى ئۇن نەچچە كۈن بولدى. بىراق ھاراق ئىچى- دىغان بولۇپ قالغىنى قىزىق، بەزى كۈنلىرى ئۇنى غەرق مەست ھالەتتە كۆرۈپ قالىمەن. ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولىمەنۇ، تىلىمنى تارتىمەن، چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئىچ پۇشۇقى ئاز ئەمەستە! بەلكى ھاراق بىلەن ئاز ـ تولا تىنچلىناي دېسە كېرەك. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. مېنى دەپ «قېيىن ئانام» بىلەن ئۇچۇق چىراي سۆزلەش- مەيدۇ، بەلكى دوستلىرىغىمۇ ئارىلاشمايۋاتسا كېرەك. نېمىگە ئالدىرايتتىم، بۇ بەلكى خىزمەت ئورنۇم ئۈچۈن چېپىۋاتىدىغاندۇ، بەلكى بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمەيۋاتسا كېرەك. بىر ـ ئىككى رومكا ھاراق ئىچىپ ئىچ پۇشۇ- قىنى چىقارسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇنى مەنلا چۈشەنمىسەم كىم چۈشىنىدۇ.

× × ئاي، × × كۈن.

كۆرۈنمەس توساق بىردىنلا ئېلىپ تاشلانغاندەك نېمە قىلىپ قويغىنىمنى پەملىدىم. مەن نېمىدېگەن ساددا. ياق، نېمىدېگەن ئەقىلسىز - ھە؟! تەقدىر مېنى تۆيدۈرماي ئالقىنىغا كىرگۈزدى. كۆزۈمنى كور، ئەقلىمنى خىرە قىلىپ خىلغىنىمنى قىلدۇردى. ئۇ قۇياش پارقىراپ تۇرغان كۈندۈزنى زۇلمەت كېچە دېسە ئىشىنىدىغان مەن. بارلىقىمنى ئۇنىڭغا بەخشەندە قىلمىدىممۇ؟ ئەمدى قانداق قىلاي. كۆز ئالدىم قاراڭغۇ جاڭگال، يول تېپىپ ئۇچۇقچىلىققا چىقالارمەنمۇ، چېكىنىش يولۇمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۈزۈپ تاشلىغان ئەمەسمىدىم!

بىرلا ئامال بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇنى ئىنساپقا كەلتۈرۇش. باشتىكى مۇھەببىتىمىزنى قايتا يالقۇنجىتىش، شۇ يالقۇن بىلەن يولىمىزغا ئۈنگەن تىكەننى كۆيدۈرۈپ تاشلاش!

ئۇ ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چېكىۋىدى، ئىشىك ھايالسىزلا ئېچىلدى. ئۇ ئالدىمدا كىرىپ كەتتى، مەنمۇ تاپ بېسىپ بوسۇغىدىن ئاتلىدىم.

× × ئاي، × × كۈن.

ھەي قىسمەت، ھەي رەھىمسىز قىسمەت. سەن نېمىشقا تۈگمەن تېشىغا ئايلىنىپ يۈرىكىمنى باسىسەن. نېمىشقا قانلىق ئامبۇرۇڭ بىلەن يۈرىكىمنى قىسىپ بىر پارچە - بىر پارچىدىن ئۈزىسەن؟ نېمىشقا كۆزۈمگە ئۇيقۇ، جىسمىمغا ئارام بەرمەيسەن؟ ھازىر سەن بىر بازغان، تەقدىر بىر سەندەل، مەن ئىككىڭ ئارىسىدا بەئەينى مومدەك مىجىلماقتىمەن. مەن ساڭا نېمە قىلىپ قويغىنىمنى.

لىكىنىڭ كۆز باغلىشى، گۇمانخورلۇقى بولۇشى مۇمكىن
ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلىگەچ يول سوراشتۇرۇپ
دۇپ، كۆز باغلانغاندا 34 - نومۇرلۇق قورۇنىڭ ئىشى
نى تېپىۋالدىم. ئىشىكنى چەككەن ۋە تونۇشلۇق بىر د
ئۈچۈن ۋارقىراپ باققان بولساممۇ نېمىشقىدۇر ئىشىك
ئېچىشمىدى. ئۆتكۈنچىلەر يات قىزنىڭ بىراۋنىڭ ئىشىك
نى مۇشتلاۋاتقىنىدىن ئەنسىزلىك ھېس قىلىشتىمۇ يېنى
دىن قورقۇمسىراپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئىشىك تۈۋىدە قا
چىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، خىرلۇق ۋە ياتسىراش
سېزىمى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىۋالدى. ئۆزۈمنى قانداق
تۇر تىلەمچىلىككە كەلگەن دىۋانىدەك ھېس قىلىشقا باشلى
دىم. ھېلىغىچە تاشالمايۋاتقان كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى
ھۆل قىلىشقا باشلىغاندا، كەينىمدە بىراۋلارنىڭ پاراڭلاش
قان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇرۇلۇپ قارىۋىدىم يەنە
شۇ تونۇش گەۋدىلەرنى كۆردۈم، ئۇلار قولتۇقلىشىپ
كېتىۋاتاتتى. نېمىندۇر دېيىشىپ كۈلۈشەتتى.
ۋاھ، بايام سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىمىغان ئىكەن-
دە! مانا دۇنيادا نېمىلەر بولۇۋېتىپتۇ. بۇ ئوڭۇممۇ ياكى
چۈشۈممۇ؟!
ئۆزۈمنى ئىختىيارسىز دالدىغا ئالدىم. چۈنكى ئىشەن-
گەن ئادىمىمنىڭ يېنىدا بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈ-
دىغان كۆزۈم يوق ئىدى. شۇ قىسقىغىنە ئۈچ مىنۇت
ئىچىدە خىيالىم ئۆتمۈشنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى ۋە
كەلگۈسىنىڭ خارابىزارلىقىنى ئارىلاپ چىقتى. كۆز ئال-
دىم لاپپىدە يورۇپ كەتتى. پىكرىمنى توسۇپ تۇرغان

بەزىدە ئادەم ۋاقىت ئۆتۈۋمىنى يوقاتسا، كۆرگەن ياخشى-يامان چۈشىنى خۇددى ئۆڭىدا بولغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ. بۇ شەھەرنىڭ سۈيى خىل كەلمىدىمۇ ياكى ئۇيقۇنىڭ ئازلىقىدىنمۇ، مېڭەم قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

× × ئاي، × × كۈن.

بىز خېلى يول باسقاندىن كېيىن، قارا سىرلانغان ئىككى قاناتلىق دەرۋازىسى بار بىر ھويلىغا كەلدۇق. ئىشىكنى ئاچقۇچىنىڭ ھېلىقى ئاخشىمى مەن بىلەن تانسا ئوينىغان پاكىنەك ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتىلا تونۇۋالدىم.

پاكىنەك بەلكى مەنسەپدارنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك. ھويلا - ئاراملىرىمۇ، ئۆي - جايلىرىمۇ كاتتا ئىكەن. يۇمىلاق جوزىلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ تولىسى مەن تونۇيدىغانلاردىن ئىكەن، ھېلىقى كەڭ شىلەپە كىيىۋالغان ياسانچۇق ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئوغۇللار ئۈچ - تۆت بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ بولدى. مەنمۇ ياسانچۇق قىزنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر ئىستاكان پىۋىنى كۆتۈرۈۋەتتىم، بىراق سەي - پەيلىرىگە چوكا تەگكۈزمىدىم. شۇ ئەسنادا پاكىنەك يىگىت بىر ئىستاكان پىۋىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ: «يېقىن دوستىمىزنىڭ بولغۇسى خانىمى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەلپازىدىن ئۇ ھېلىقى كۈنى تانسا ئوينىغان چاغدا ئوڭغا چۆگىلەش ۋە سولغا چۆگىلەش ئۈستىدىكى تالاشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. بىر ئىستاكان پىۋى-

ئەسلىيەلمەيمەن، مەندىن قىساس ئېلىۋاتقان بولساڭ.
ساس ئېلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ ئەدى
سىزلىك گۇناھ ھېسابلانسا مەيلى جازالاۋەر. ئاتا - ئانا
نىڭ مېھرىنى، يۇرتۇمنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇنتۇغان بولسا
ئاسىيلىقىم ئۈچۈن مېنى مىڭ پارە قىل. ئەمما ئۇنتۇم-
غىنىكى، ئۆزۈمنى تامامەن پاك دەپ مەيدەمگە مۇشتلىيا
مسامۇ، لېكىن مەن يەنىلا 19 ياشلىق بىر قىز. كۆزۈ
ئېچىلغان بىلەن ئەقلىم يېتىلمىگەن. يول ماڭالىغىنىم ب
لەن ئايىغىم چىقمىغان. مۇشۇ تەرىزدىكى بىر قىز بۇر
نىنىڭ ئۈچىدىن ئۆزگىنى كۆرەلەيتتىمۇ. ئەتىكى كەلمىش
تىن خەۋەردار بولالايتتىمۇ؟ سەن ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق
قىلغۇچى بولساڭ، تەقدىرىمگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىل. ماڭا
يول كۆرسەت. تۇنجى قېتىم يېقىلغىنىم ئۈچۈن مېنى
توكۇرغا چىقىرىۋەتمە. يۆلەپ تۇرغۇز، ئاجىزنى جازا-
لاش كۈچلۈكلەر ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس. بىراق بۇ
مەردلىكتىن، مەردانىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. قولۇڭدىن
كەلسە مۇھەببىتىمنى قايتۇرۇپ بەر، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىن-
ساپ ئاتا قىل، ئاجىز بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنى كەچۈرىمەن.
ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا يول يوق. ئۇنى ماڭا
قايتۇرۇپ بەر!

× × ئاي، × × كۈن.

بۈگۈن كۈن غەربتىن چىقتىمىكىن، ئۇ ماڭا باشقى-
چىلا ئوچۇق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ تېخى
كەچتە بىر ئوغۇل دوستىنىڭكىگە مېھمانغا ئېلىپ بارماق-
چى. تۈنۈگۈن كەچتە كۆزگىنىم چۈشۈم بولسا كېرەك،

نى قىيىنىلىپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتىم، چۈنكى مۇشۇنىچە ك
شىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياسانچۇق قىز ئالدىدا ئۇنىڭ بو
غۇسى خانىمى دەپ ئاتالغان تۇرسام، نەچچە كۈنلۈ
غەشلىكىم بىراقلا يوق بولۇۋاتسا، نىمە ئۈچۈن ھاياجانلان
ماي، نىمە ئۈچۈن ئىچمەي!

شۇ ئەسنادا ھېلىقى ياسانچۇق قىز بىر تەخـ
گۆشنى ئالدىمغا سۈرۈپ قويۇپ قولۇمغا چوكا تۇتقۇزدى.
دە، قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ: «گۈلنىڭ بىر دوستىمىز.
نىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن ۋاز كېچەلىگىنى
قالتىس ئىش، بۇ گۈلنىڭ نەقەدەر ساداقەتمەن، ۋاپادار،
باتۇرلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، مەن بۈگۈن بۇ سورۇن-
دا ئۇنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسىنىڭ چىڭ ياكى چىڭ ئەمەس-
لىكىنى سىناپ كۆرمەكچىمەن، گۈلى مۇشۇ گۆشنى زاكۇس-
كا قىلىپ ئۆز ساداقىتىنى، ئىخلاسىنى ئىسپاتلاپ باقسا،
دەپ تەكلىپ بېرىمەن» دېدى. ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي
قالدىم، ھىمات تىلەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم ۋە كۈتكى-
نىمنىڭ ئەكسىچە نەرسىگە ئېرىشتىم. ئۇ كۈلۈمسىرەپ
تۇرۇۋاتاتتى. ياسانچۇق قىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا
ھەدەپ ئىشارەت قىلاتتى. قاتۇرۇلغان گېپس ھەيكەلدەك
تۇرغىنىمنى كۆرگەن ئۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئېلان قىلدى:
«سىلەر بىلمەيسىلەر، گۈلى بەكمۇ چوڭ يۈرەك قىز. ئۇ
ماڭا بولغان ئىخلاسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەن ياخشى
كۆرۈپ يېگەن نەرسىنى ھازىرلا يېۋېتىدۇ!» پاكىنەك
بېلىقنىڭكىدەك پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ
تۇرۇپ ئۇنىڭدىن: «ئەگەر يېمىسىچۇ؟» دەپ سورىدى.

غان ئىخلاسىڭنى ئىپادىلەيسەن، ئەگەر يېمىسەڭ ھەقىقىي پارتىيە ئەزاسى ھېسابلىنمايمىز!، دېيىشتى. «پارتىيىلىك تۆرپ — ئادەتنى چەتكە قاقمايدۇ، يېمىسەمۇ مەن يەنىلا پارتىيە ئەزاسى، دەپ زادى يېگىلى ئۇنىمىدىم، ئاخىرىدا مېنى ئۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىشتى. مانا بۇ تاتۇق شۇ بىمەنىلىكنىڭ يالدامىسى» دېگەن ئىدى.

مەن بىردىنلا ھەممە ئىشنى چۈشەندىم. چۈشەندىملا ئەمەس، بەلكى تېگى — تەكتىگە يېتىپ بولدۇم. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئاچچىق ۋە غەزەپ چۇلغىۋالدى. بۇ يەردە تۇرۇشۇم ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇھەببەتكە، ئۇنىڭغا سادىق ھېسابلانماسلىقىم تۇرغانلا گەپ ئىدى. چوكىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئۇدۇل ئىشىككە ئېتىلدىم، ئارقامدا قالغىنى ئەسەبىيلەرچە كۈلۈشۈش ۋە بەدبەشرە چىرايلار بولدى. ئارقامغىمۇ قارىماي ئۇنىڭ ئۆيىنى تېپىۋالدىم — دە، قول چامادىنىمنى كۆتۈرگەنچە قويۇندەك يۈگۈرۈپ ئۇدۇل كەلگەن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم، چەت ئەللىكلەرگىلا ئېچىلىدىغان بۇ ئىشىك ئاخىرى ماڭىمۇ ئېچىلدى، ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان بىر نېمىلەرنى كالدىرلىدىم ۋە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولدۇم. پۈتۈن نېرۋىلىرىم ئېغىر ئەمگەكتە كاردىن چىققاندەك تارتىشىدۇ. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرىدىغاندەك ئەمەس. خاتىرە — مېنىڭ بىردىنبىر سىرداشىم، دەردىمگە ئورتاق. ھالىمغا ھال بولىدىغان ئەرمەك. ياستۇققا يۆلەنگەنچە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

كۈن. × × ئاي، × × ×

ئۇ بىردىن جىددىي تۇس ئالدى – دە: «ئەلۋەتتە
دۇ!» دەپ جاۋاب بەردى.

توۋا، مەن نېمىلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن؟ ئۇ ئىخلاس
مىسناشتا نېمە ئۈچۈن مۇشۇ چارىنى تاللىۋالدۇڭ؟ تار
تەكرارلىنىۋاتامدۇ – يە؟ شۇ ئەسنا ئۆتمۈشتە، ياق
قىن ئۆتمۈشتە دادامدىن ئاڭلىغان بىر ئىش چاقماق تې
لىكىدە يادىمغا چۈشتى.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بول
كېرەك، دادام دەرس تەكرارلىشىمغا ياردەم بېرىۋاتاتتى
مەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى بۇرۇن كۆرگەن، ئەمما دىققەت
قىلمىغان تاتۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «دادا، پېشانەڭ
نېمە بولغان؟» دەپ سورىدىم. ئانام ماڭا: «بۇنى سوراپ
نېمە قىلىسەن؟» دېگەن مەنىدە ھومىيىپ قويدى. لېكىن
دادام تاتۇقنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشتىن باش تارت
مىدى: «ئۇ چاغدا سەن كىچىك ئىدىڭ، — دەپ سۆز
باشلىدى ئۇ تەمكىن ئاھاڭدا، — مەدەنىيەت ئىنقىلابى
دېگەن گەپ ئېسىڭدىمۇ، ئۇ چاغدا داداڭنى تارتىپ چى
قىرىشتى. تارتىپ چىقاردى دېگەن نېمە دەپ قالما، جىق
ئادەملەر ئارىسىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ سوراق قىلدى. ماڭا
توقۇغان تۆھمەتلەرنى ئېتىراپ قىلمىدىم، مەن كونا پار-
تىيە ئەزاسى، پارتىيە ئەزاسى دېگەن يالغان ئېيتسا بول-
مايدۇ، دېدىم. ئىسيانچىلار ئاخىرىدا مېنى ئىدارىنىڭ ئاش-
خانىسىغا يالاپ ئاپاردى. ئالدىمغا بىر قاچا چوشقا گۆ-
شىنى توختىتىپ قويۇپ: «ئەگەر پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقىي
ئەزاسى بولساڭ، مۇشۇنى يەيسەن – دە، پارتىيىگە بول-

بىلەن سىرداشماقچى بولسەن، تاللار غايىبتىن شامال كەلگىنىدەك ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. مۆگىلىرىمنى تۆكۈپ بەرمەكچى بولۇپ ئۇچار قۇشلارنى ئىزدەيمەن. قۇشلار سايراشتىن توختايدۇ. قورغۇيىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلغاندەك نەلەرگىدۇ غايىب بولىدۇ...

قورقۇنچلۇق! بۇ دۇنيا نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق. قەيەردىندۇ مەدەتكار ئىزدىگەنىدەك تۆت ئەتراپقا قاراپ باقىمەن، تۆت تەرەپتىنلا كۆرگىنىم ئۇزۇن چىشلىق، ياۋۇز تەلەتلىك، ئەلپازىدىن ئەجەل پۇراپ تۇرغان بىر مەخلۇق. ئۇ مېنى چاقىرىدۇ. «ئەمدى كىچىككىنە جېنىڭ ساڭا ئارتۇقچە. ئالدىڭغا چامدىساڭمۇ، كەينىڭگە يانساڭمۇ يول يوق، يورۇق دۇنيادىن، ياش جېنىڭدىن ئۈمىد ئۈز!» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ بەدبەشىرە مەخلۇقتىن قورقىمىدىم، چۈنكى يۈرىكىم، پۈتۈن جىسمىم مۇزلاپ كەتكەن، سېزىم دېگەن نەرسە مەن بىلەن ۋىدالاشقان، ئەمدى كۆزۈمنى يۇممەندە بەدبەشىرە مەخلۇققا ئۆزۈمنى تاپشۇرىمەن، ئۇ مېنى نېمە قىلسا قىلسۇن. بەلكى مېنى دېڭىزدەك كەڭ، لەھەتتەك چوڭقۇر ئازابتىن خالاس قىلغىنى ئۈچۈن ساۋابلىق تاپار...

× × ئاي، × × كۈن.

چىدامىم ئادەمگە تەگلىشەلەيدىغان ھېچنىمە بولمىسا كېرەك. دوزاق ئازابىنى تارتقان بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى. ئەجابا، مەن تېخى تىرىكمۇ؟ نېرۋىلىرىممۇ پۈتۈنلەي كاردىن چىقمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ تەسۋىرىنى، ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ. جانغا ئارام

كېچە — تەگسىز خىياللارنىڭ بوشلۇقى، ئۇ ئىسـ
نى يېنىك تەۋرىتىپ تۇرۇپ تۈگىمەس ئويلارغا غەر
قىلىدۇ. توت ئاي، پەقەتلا توت ئاي، ئاشۇ توت ئا
ئىچىدە تەقدىر مېنى كۆكلەرگە ئەپچىقىپ، تېگى
هاڭغا تاشلىۋەتتىدىمۇ. ئاشۇلارنى ئويلىسام ئەمدىلا يا
مان چۈشتىن ئويغانغاندەك بولىمەن — دە. نېمىلەرنى
قىلغانلىقىم بىراقلا كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ، چۈشە
دىمكى، ئۈمىدسىزلىكنىڭ قارا بورانلىرى ئەقلىمنىڭ كۆ
زىنى كور قىلدى. ئازاب نەشتىرى يۈرىكىمگە قادىلىپ
جىسمىمنى هالسىزلاندۇردى. قارا بوراندەك بېسىپ كېلـ
ۋاتقان قورقۇنچتىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئىستىـ
كىدە كۆزۈمنى يۇمىمەن، بىراق جىسمىمدا تېخىچە تىپىر-
لاۋاتقان جان پەيكىرىمنى قۇترىتىدۇ. ئاتامنىڭ كۈلۈمسى-
رىگەن چىرايى بىردىن جىددىي تۈس ئېلىپ كۆز ئال-
دىمغا كېلىدۇ. ئانامنىڭ مەڭزىگە مەڭزىمنى ياققاندەك
بولىمەن، ئەمما ئانىلىق مېھرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يۈز-
لەر سوغۇق تەپتىنى ماڭا ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ — دە.
چۆچۈپ كېتىمەن، بارلىق تونۇش — بىلىشلىرىم ئارىسى-
دىن ئۇللىق چىرايلارنى، ماڭا كۈلۈمسىرىگەن هالدا قا-
رايدىغان چىرايلارنى ئىزلەپ باقىمەن، ئەمما مەن مەس-
خىرە كۈلكىسى بىلەن ئۆتكۈر نەشتەرلەرگە ئايلانغان يۈز-
لەرنىلا كۆرىمەن، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلىشىدۇ، تۈكۈرۈكلىرى
ئۇدۇل كېلىپ يۈزۈمگە چاپلىشىدۇ. خىيالىمدا تاغلارغا
قاراپ قاچىمەن، قايسىدۇر بىر ئارچىغا يۆلىنىمەن، ئارچا
غولى تەۋرەپ مېنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. تاللار

ئىچكۈزەلەيدۇ. ياشاش يولىدا كۆرەشكۈچىلەر ئۈچۈن ئۇ يەنىلا بىچارە مەخلۇق، گېزى كەلگەندە جاندىن كې-چەلەيدىغانلار ئۈچۈن ئىككى دۇنيانىڭ ئارىلىقى ئەلۋەتتە ئىككى غېرىچلا يول، بىراق سەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايسەن. سەن ئۈچۈن ئىككى دۇنيانىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن-لۇقى مەلۇم بولدىغۇ؟ سەن يەنىلا ياشاشنى خالايسەن، ئۆتمۈش ھەممە نەرسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەن-دۈرمەيدۇ. سەندە ئۆتمۈشۈڭ بىلەن ئۆتۈپ كەتمىگەن ۋىجدان، دەپنە قىلىنغان ئىپپىتىڭ بىلەن تۈگەشمىگەن جاسارەت بارلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ھەتتا ئۇچقۇنچىلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۈمىد شامىلى بىلەن يېلىنجات-قىن، ئىشەنچ بورىنى بىلەن يانغىنغا ئايلاندۇر. ئۇ مۇز-لاپ كەتكەن يۈرىكىڭنى ئىللىتسۇن، قۇرۇپ كېتەۋاتقان جىسمىڭنى ياشناتسۇن، ئىللىتىڭنى كۆل قىلسۇن، تىلىكىڭ-گە قانات، ئارمىنىڭغا نىشان بەخش ئەتسۇن!...

× × ئاي، × × كۈن.

ئورۇنسىز ئۆلمەكنى خالىغانلار بۇ دۇنياغا نېمىشقا تۆرەلگەنلىكىنى دەپ باقسۇن. جان تەن ئىگىسىگىلا تالىق نەرسىمۇ؟ ياق، ئۇ ئاتا ـ ئانىلارغا تالىق. ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا نېمەت بەردى. ئۇ جەمئىيەتكە تالىق. جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئاڭ بەردى. ئۆلمەك ھەممىگە ئورتاق، بىراق ئۇ تەبىئەتنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇشى كېرەك. تەبىئەتتىن ئۆزگە ھېچبىر كۈچ، ھەتتا جانغا ئىگىدارلىق قىلغۇچى تەننىڭ ئۆزىمۇ ھاياتلىقنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. قىنى جاۋاب بەر، كۆپكە تەئەللۇق نەر-

بەرگۈچى ئىللىق شامالنىڭ تەسىرىنى سېزىۋاتىدۇ. قۇياش
نىڭ ئىللىق نۇرىغا ئىنتىلىۋاتىدۇ. تاڭ ئاتارغا يېقىن
يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتە كۆرگەن ھېلىقى چۈشۈمدە بە-
رەر خىسلەت بولسا كېرەك. ئاھ، دادامنىڭ ئىشارىتى،
ئانامنىڭ ماڭا ئېچىلغان قۇچىقى، دوستلىرىمنىڭ ئىلتىـ
جاسى، يۇرتۇمنىڭ گۈزەل قوينى...

×× ئاي، ×× كۈن.

تەقدىر تەرىپىدىن ئۆگەيلەنگەن چېغىمدا ۋە تەقـ
دىرنىڭ ئۆگەيلىشىگە ئۆز ئەركىڭ بىلەن زېمىن ھازىر-
لاپ بەرگىنىڭ سەۋەبلىك تەقدىر بىلەن ئېلىشىشقا يۈز
كېلەلمىگىنىڭدە، تۇنجى بولۇپ ئويلايدىغىنىڭ ئۆلۈمدىن
باشقا نەرسە ئەمەس، سەن بىلىپ تۇرۇپ خاتا قىلغىـ
نىڭ ئۈچۈن ئەجەل شارابىنى ئىچىۋېلىپ، ھەممە رەسۋا-
چىلىقتىن بىر يولى قۇتۇلۇۋالغىڭ كېلىدۇ. چۈنكى
ئۆلۈم پۈتكۈل سېزىمىڭنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكـ
نى سەن بىلىسەن، لېكىن ئۆلۈۋېلىپلا تەقدىرنىڭ ئۆگەيـ
لىشىدىن، جەمئىيەتنىڭ لەنەت - نەپرىتىدىن بىراقلا
قۇتۇلۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس. سېنىڭ سەزگۈڭ ئۆلگەن
بىلەن، جەمئىيەتنىڭ سەزگۈسى ئۆلمەيدۇ. تىرىك ئىكەنـ
سەن، ياخشىلىقتىن ئۈمىد كۈتۈشۈڭ، تەقدىردىن كەچۈ-
رۇم سورىشىڭغا يەنىلا ھەققىڭ بار. ئۆلۈۋېلىش — تەقـ
دىرگە قىلىنغان دوق، ھاياتقا قىلىنغان ئۈششۈمالۇق،
ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت، تەبىئەتكە قىلىنغان تۇزكورلۇقـ
تىن باشقا نەرسە ئەمەس! ئەزرائىل ئۈمىدسىزلەرنىڭ
ئاشىقى، تىلىگەنلەرگە ھېچ ھايالسىز ئەجەل شەربىتىنى

مىتى ئەمەس، ئۇنىڭ قەستەلىگە ئەگىپ ئۆتتۇشچۇ؟ ئۇ بىر نەرسىنى سەزگەنگە ئوخشايدۇ. باشقىلار بىلەن بىر ئۇستەلدە تاماق يەۋاتقىنىمنىڭ ئۆزىلا ماڭا خىجىل بولۇشقا يېتەرلىك. بۇنى ئۇنىڭغا بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. تىلەيمەنكى، ئۇ ماڭا گەپ قىلمىسۇن، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قالسىلا، ئاشكارا بولۇشۇم سۆزسىز. بۈگۈنچە ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىم كېرەك...

× × ئاي، × × كۈن.

يېرىم كۈنلۈك ساياھىتىمىز كەچ كىرگىچە داۋاملاشتى. نە رەڭمۇ رەڭ مەنزىرىلەر بىلەن، نە ئۆتمۈشنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسابلانغان ئىمارەتلەر بىلەن ھەپىلەم بولمىدى. يېرىم كۈننى بىتەلەي قىز گۈلباھار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۈم دېسەممۇ بولىدۇ. راستىنى ئېيتسام، تۇرمۇش دېڭىزىدا دولقۇن بىلەن ئېلىشىپ يۈرگەن يىگانە قولۋاقتەك يالغۇز قىزنى لەت قىلىش كويىدا ئورۇنسىز خىياللاردا بولۇپ يۈرگەنلىكىمگە خىجىل بولماي قالمىدىم. ھازىر زۆرۈرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش، ئىلھام بەخش سۆزلەر بىلەن روھىنى كۆتۈرۈش ئىدى.

مەن شۇ نىيەت بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىشىمگىلا كۈتكۈچى بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇزاتتى. ئۇنى گۈلباھار ماڭا قالدۇرغان ئىكەن. مەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«ھابىلجان ئاكا، خۇش دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي كېتىپ قالدىم. ئەسلىدە ئۈچ كۈن بۇرۇن تەۋەككۇل قى-

مېنى سەن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلالاي
سەن؟ يۈزۈڭ قىزارسۇن، تۇۋا قىل.
توغرا، سەن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىڭ
كۆڭلۈڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىدىڭ، باشباشتاقلىق
ئەقىل بىلەن چەك قويالمىدىڭ. ئاخىرىدا ئۆز-ئۆزۈڭنىڭ ئە
مۇقەددەس نەرسىسىنى يوقاتتىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىر
نىڭ تا بۈگۈنگىچە بەرگەن جازاسىغا غىڭ - پىڭ قىلال
مايسەن، بىراق ئۇخلىغانلارغا ئويغىنىش ئەيىب ھېسابلان
مىغىنىدەك، ئاداشقانلارغا يول ئىزدەشمۇ ئەيىب ھېسابلان
مايدۇ. گۇناھقا تۆۋىنىڭ ياردىمىشىمۇ بىكار ئەمەس. سە
تېخى ئون توققۇز ياش، ياشايدىغىنىڭ تېخى ئالدىڭدا
باھار يامغۇرى چاڭ - توزانلارنى يۇيۇۋەتكەندەك، توغرا
يولغا كىرىشمۇ ئىللەتلەرنى يۇيۇپ كېتىدۇ. چىن
دىلىڭدىن پۇشايمان قىل، چىن ھاياتقا ئېرىشىسەن. ئاتا
ئاناڭغا، دوستلىرىڭغا ئىلتىجا قىل. نىيىتىڭ پاك بولسىلا، ئۇلار
پاك قەلبى بىلەن سېنى ئۆز يېنىغا تارتىدۇ. پاك دىلى بىلەن ساڭا
يېڭى كېلەچەك ئاتا قىلىدۇ. ئەندىشە — ئۈمىدسىزلىكنىڭ
ئانىسى، ئىشەنچ - ئۈمىدنىڭ ھامىيسى!

× × ئاي، × × كۈن.

توۋا، بۇ تاسادىپىيلىقمۇ ياكى شىكەستلەنگەن سەز-
گۈمنىڭ خاتالىشىشىمۇ؟ بايام ناشتىدا ئاكامنىڭ دوستى
ھابىلجاننى كۆرۈپ قالدىم، يۈرىكىم بىر پەسكە ھەرىكەت-
تىن توختاپ قالدىغۇ دەيمەن؟ ئۇنىڭ مېنى تونۇمايدى-
غانلىقى ماڭا چىندىيلىشىشنىڭ ھاجىتىسىز ئىكەنلىكىنى
ئۇقتۇرىدۇ. بىراق تىكىلىپ قاراۋېرىشى ياخشىلىقنىڭ ئالا-

لىپ، پۇل سوراپ ئۆيگە تېلېگرامما يوللىغان ئىدىم.
مېنىڭ بىر سىنىڭاق تېپشىم ئىدى. ئۇلار ئەۋەتكەن پ
چۈشتىن كېيىنلا قولۇمغا تەگدى. مەن خۇشالمەن. چ
كى بۇ يىغىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟ بىزنى ئۇلار
نى تېزراق كەلسەك دەپتۇ. ئاكام ئالدىمىزدا چىقىپتۇدە
خەير، ئۇرۇمچىدە كۆرۈشەيلى. خاتىرەڭنى ۋەدىڭىز ب
يىچە ئۆز قولۇمغا تاپشۇرىسىز. بولامدۇ؟
سېغىنغىنىز گۈلباھار

ماھىمۇ خۇشاللىق ئۇلاشتى. ئۇستۇمنى بېسىپ تۇر
غان قايغۇ بىراقلا يوق بولغاندەك روھىم كۆتۈرۈلۈپ
قالدى. چۈنكى بىر ئىنسان ئۆز سەۋەنلىكىگە چىن دىل
دىن توۋا قىلىپ، ئىستىقبالى تەرەپكە قاراپ بار كۈچى
بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا، خۇشال بولماي مۇمكىنمۇ؟



رىم تۈگىگىچە سەن بىلەن چېكىشمەن، — دېدى. توخۇمىنى بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا تەگلىدى. كېرەمنىڭ توخۇملىرىمغا تىل تەگكۈزۈشى بىلەنلا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى. تەۋەككۇل قىلىپ توخۇمدىن بىرنى چىقىرىپ كېرەمگە دېدىم:

— ئەكەل توخۇمىڭنى، ئالدى بىلەن چىشىمغا ئېلىپ باقاي.

— ياق، — دېدى كېرەم كەسكىن ئاھاڭدا. — توخۇمىڭدا ئىشەنچ بولسا، مېنىڭكىنى چىشىڭغا ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ ياتە نوچى بولساڭ!

— سەن يات!

— ياق، سەن يات!

— چوڭراق چىقىرىپ بەرمەمسەن؟

كېرەم توخۇمىنى تۇتۇپ بەردى، مەن ئۇردۇم. توخۇملارنىڭ بىرى چارس قىلىۋېدى. ئىككىمىز تەڭلا توخۇملىرىمىزغا قاراشتۇق. كۆردۈمكى، مېنىڭ توخۇمۇم سۇنۇپتۇ. كېرەمنىڭ ۋە باللارنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىگە چىداپ تۇرالماي ئارقا-ئارقىدىن چىقارغان توخۇملىرىم ئارقا-ئارقىدىن چېقىلغىلى تۇردى، ئاخىرى جېنىمدىنمۇ ئەتىۋار بىلىدىغان توخۇملىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم! يۈرىكىمنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى، تېنىمنىڭ بوشىشىپ قولۇمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقىۋاتقانلىقىنىلا بىلىمەن. ئاخىرى چوڭ ئانامنىڭ ئەمگىكىگە قىلىنغان ھاقارەتكە، ئۇلارنىڭ مەسخىرە كۈلكىلىرىگە چىداپ تۇرالماي، بۇرۇلۇپلا ئۆي

كېلىدىغان بىر سەپتىن ئورۇن ئېلىپ، شەپكىسىنىڭ چې-
كىلىكىنى كەينىگە قىلىۋېتىپ ناماز ئوقىدى. نامازدىن
كېيىن يەنە نۇرغۇن تەڭتۇشلىرى بىلەن ھېيتنى مۇبا-
رەكلىشىۋالدى.
— قاۋۇلوپ، بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ سېنىڭكىگە
ھېيتلاپ بارىمىز جۇمۇا — دېيىشكەن ئىدى ئۇلار ئالدىن
خەۋەر بېرىپ.
قاۋۇلوپنىڭ تەڭتۇشلىرى چاقچاق قىلمايتتى. شۇڭا
ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا كەنجى ئوغلىنى جىددەللىتىپ
مال بازىرىدىن دېگەن نەرخقە سېتىۋېلىپ بوردىغىلى ئىك-
كى ئايچە بولغان قارا ئېرىكنى ۋاقىتلىق ئېغىلدىن يې-
تىلەپ چىقىپ ھويلىغا باغلاتقۇزدى. گۆش چانايدىغان
دۆشە ۋە پالتىنىمۇ تەق قىلدى.
— بالىلىرىم، گۆشنى چوڭ-چوڭ پارچىلاپ سې-
لىڭلار. مېھمانلار رازى بولۇپ قايتىشسۇن. بۇ ھېيتنى
شۇنداق ئۆتكۈزەيلىكى، گۆش يەتمەي قالارمىكىن، دەپ
ئەنسىرىمەڭلار، تازا كەتسە يەنە ئىككى مال كېتەر، —
دەيتتى ئۇ پۇت-قولىغا تەگمەي پايپاسلاپ يۈرۈپ.
قۇياش ئۆرلىمەكتە ئىدى، ئاتا-ئانىسىدىن ئەت-
گەندىلا ھېيتلىق ئېلىپ ئۈلگۈرگەن بالىلار ھويلىغا چې-
قىۋېلىپ چۇرقىراشتى، قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىنى يەت-
لەيدىغان كۈيئوغۇللار ھېيتلاشنى باشلىۋەتكەن ئىدى.
— بوۋا، گۆش يەيمەن، قوربان ھېيت دېگەندە
گۆش يەيدۇ.
قاۋۇلوپنىڭ تۈنۈگۈن ئۆيدە قوندۇرۇپ قالغان نەۋ-

— شۇنداق... شۇنداق، — مەن مەخسۇت مۇدىرنىڭ سۆزىنى دەرھال تەستىقلاپ دېدىم، — ئاممىۋى ئاساسى بولمىغان بىر چوكاننى گېزىتتە تەشۋىق قىلىپ يۈرسەك قامالاشمايدۇ - دە. تەتقىقات ئىشىنى تاماملاشتا تۆھپىسى بار دەپمۇ قويايلى، بىراق شۇنچە كۆپ ئىللەتلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ نامىنى چاقناتقىلى بولارمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇنچىلىك ياشتىكى بىر چوكاننى گەدىنىمىزگە مىندۈرۈپ كۆتۈرۈپ يۈرسەك، كېيىن تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمە، مەغرۇرلانسا...

— ھىم، ئىللەتمىش، ھاكاۋۇرمىش...

مەخسۇت مۇدىرنىڭ چىرايى بىردىن جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ قەيەرگىدۇر بىردەم تىكىلىۋالغاندىن كېيىن كەسكىن قىلىپ دېدى:

— دۇنيادا ئىللەتسىز ئادەممۇ يوق، ئەگەر بار دېيىلسە، نۆرىماننى دېسە بولىدۇ. ئۇ قانچە، كېچە - كۈندۈزنى ئۇيقۇسىز، قانچە يەكشەنبىنى ئارامسىز ئۆتكۈزمىدى - ھە؟ ھەي بىزنىڭ خەق، ئەگەر ئىللەت بار دېيىلسە...— ئۇ ياتاقتا باشقا بىرسى يوقتەك، ئۆزى - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلىمەكتە ئىدى. مۇشتۇملىرىنىڭ تۈگۈلگەنلىكىدىن، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس ئىدى. مەخسۇت مۇدىرنىڭ شۇنچىۋالا قايناپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا پەرەز قىلمىغان ئىدىم.

— ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىز خالىمىغان ئىشنى سىزگە تاڭغىلى بولمايدۇ، — مەخسۇت مۇدىر تىنچلاندى - دە،

本集子选入作者近年来所写的部分小说。这些作品以巧妙的艺术手段，表现了现实生活中的复杂矛盾和人际关系上一些重要的问题。

黄 菊 (维吾尔文)
(小说集)
艾白都拉·衣布拉衣木著
责任编辑：吐尔地·库尔班
责任校对：白合提亚尔·阿布里米提

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 8·5625印张 1插页
1987年10月第1版 1988年3月第1次印刷
印数：1—4150

ISBN7—5373—0057—7/I·20
统一书号：M10264—93 定价：0·60元

